السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، ئالتۇن ياكى كۈمۈش تېپىۋېلىنسا قانداق قىلىش توغرۇلۇق سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنى سالغان خالتىنى (ھەميانىنى) ۋە بوغقان يىپىنى مەلۇم قىلىپ، ئۇنى بىر يىلغىچە ئېلان قىلغىن! ئەگەر ئىگىسى چىقمىسا ئىشلەتكىن، ئەمما ئۇ سەندىكى ئامانەتتەك بولسۇن، ئەگەر ئۇنىڭ ئىگىسى بىر كۈنلەردە چىقىپ قالسا، ئۇنى تاپشۇرۇپ بېرىسەن، دېدى

زەيد ئىبنى خالىد ئەلجۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، ئالتۇن ياكى كۈمۈش تېپىۋېلىنسا قانداق قىلىش توغرۇلۇق سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنى سالغان خالتىنى (ھەميانىنى) ۋە بوغقان يىپىنى مەلۇم قىلىپ، ئۇنى بىر يىلغىچە ئېلان قىلغىن! ئەگەر ئىگىسى چىقمىسا ئىشلەتكىن، ئەمما سەندىكى ئامانەتتەك بولسۇن، ئەگەر ئۇنىڭ ئىگىسى بىر كۈنلەردە چىقىپ قالسا، ئۇنى تاپشۇرۇپ بېرىسەن، دېدى. ئېزىپ قالغان تۆگە توغرۇلۇق سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىڭ؟ ئۇنى ئۆز ھالىغا قويۇپ قويغىن! ئۇنىڭ ماڭىدىغان ئايىغى ئىچىدىغان سۈيى ئۆزى بىلەن بىرگە، ھەتتا ئۇنىڭ ئىگىسى تېپىلغۇچە، قۇدۇقتا كېلىپ سۇ ئىچىدۇ ۋە دەرەخلەردىن يەيدۇ، دېدى. قوي توغرۇلۇق سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنى تۇتۇۋالغىن، ئۇنى يا سەن يا يەنە بىر قېرىندىشىڭ تۇتىدۇ ياكى بۆرىنىڭ بولىدۇ، دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، يۈتۈپ كەتكەن ئالتۇن- كۈمۈش، تۆگە ۋە قوي قاتارلىق ماللارنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇ نەرسىلەرنىڭ ھۆكمىنى ئۇنىڭدىن باشقا شۇ نەرسىلەرگە ئوخشايدىغان يۈتۈپ كەتكەن نەرسىلەرگە مىسال بولسۇن ۋە شۇلارنىڭ ھۆكمىنى ئالسۇن دەپ بايان قىلىپ، ئالتۇن ۋە كۈمۈش توغرۇلۇق: ئۇنى سالغان خالتىنى (ھەميانىنى) ۋە بوغقان يىپىنى بىلگىن! بۇنداق قىلغاندا بۇ مالنى ئۆزۈڭنىڭ ماللىرىڭدىن ئايرىيالايسەن ۋە مەزكۇر بەلگىگە قارىتا ئۇنى ئۆزىنىڭكى دەپ داۋا قىلغانلارغا خەۋەر قىلالايسەن، ئەگەر ئۇنىڭ دېگەن سۈپەتلىرى سېنىڭ بىلگىنىڭگە ئۇدۇل كەلسە، ئۇ نەرسىنى بېرىسەن. ئەگەر ئۇنداق بولماي قالسا ئۇنىڭ قىلغان داۋاسىنىڭ خاتالىقى ئايان بولىدۇ. ئۇنى قولغا ئالغاندىن كېيىن بىر يىلغىچە ئېلان قىلغىن! ئۇنى ئېلان قىلىش: كىشىلەر توپلىشىدىغان بازار، مەسچىتلەرنىڭ ئالدىلىرى، ئومۇمى خەلق توپلىشىدىغان جايلار ۋە ئۇنى تېپىۋالغان جايلاردا بولىدۇ. ئەگەر ئىگىسى چىقمىسا ئىشلەتسەڭ بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىگىسى بىر كۈنلەردە چىقىپ قالسا، ئۇنى تاپشۇرۇپ بېرىشىڭ كېرەك، دېدى. ئەمما يۈتۈپ كەتكەن تۆگە ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان ئۆزىنى قوغدىيالايدىغان ھايۋانلار بولسا، ئۇنى تۇتۇۋېلىشتىن چەكلىدى. چۈنكى بۇنداق ھايۋانلار ياۋلاردىن ھىمايە قىلىشقا مۇھتاج ئەمەس، بەلكى ئۆز تەبىئىتىدىن ھىمايىسى بار. مەسىلەن: كىچىكرەك يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ئۆزىنى ساقلىيالايدىغان كۈچى، ئۇنى خەتەرلەردىن يىراق قىلىدىغان تۇياقلىرى، دەرەخلەردىن يېيەلەيدىغان ۋە قۇدۇقتىن سۇ ئىچەلەيدىغان بويىنى ۋە ئوزۇقلۇق ساقلايدىغان خەزىنىسى باردۇر. دېمەك؛ ئۇنى باشتا يۈتۈپ كەتكەن يېرىدىن ئىزدەيدىغان ئىگىسى تېپىپ بولغۇچە، ئۆزىنى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ۋە ھالاك بولۇپ كېتىشتىن ئۆزىنى ھىمايە قىلالايدۇ. ئەمما قويغا ئوخشىغان كىچىك ھايۋانلارنى بولسا، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ۋە ھالاك بولۇپ كېتىشىدىن ھىمايە قىلىش

ئۈچۈن تۇتۇۋېلىشقا رۇخسەت، ئۇنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىگىسى كېلىپ ئېلىپ كېتىدۇ ياكى ئۇنى ئېلان قىلىش كېرەك بولغان بىر يىل ئۆتۈپمۇ ئىگىسى كەلمىسە، ئۇ مالنى تېپىۋالغۇچى ئىشلەتسە بولىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6048